# ئۈستۈن ئوقۇرمەن قانداق بولىدۇ؟

(نۇتۇق)

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# ئۈستۈن ئوقۇرمەن قانداق بولىدۇ؟

ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىيلىق سۈپىتى ئۇنىڭ تاماق يېيەلىگەنلىكى، كىيىم كىيەلىگەنلىكى، نازاكىتى ياكى سالاپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلالىغانلىقى، ئويلىنالىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بىز پىكىر قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىيلىق سۈپىتىنى چىن مەنىسى بىلەن يارىتىۋاتقان بولىمىز. ھازىرغىچە بىزدە ھەر خىل سورۇن تۈرلىرى بارلىققا كەلدى. ئەمما، مەن چۈشىنەلمەيدىغان مۇنداق بىر ئىش بار. مەنسەپ چېيىدا مەنسەپ ھەققىدە سۆزلەر بولسا بولىدۇ، تۇغۇلغان كۈنىدە تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش ھەققىدە سۆزلەر بولسا بولىدۇ، ئەمما، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ سورۇنلىرىمىزدا كىتاب ھەققىدە سۆزلەر بولسا زاڭلىق قىلىنىدۇ؟ نېمىشقا توي ـ تۆكۈنلەردە كىتاب سوۋغا قىلىنسا مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

بۇ مەسىلە كاللامدىن ئۆتمەيتتى، ئاشۇ ئوينىڭ تۈرتكىسىدە «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىمنىڭ 205 ـ بېتىدە ئىلىم چېيى ئۆتكۈزۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ كىتابىمنى نۇرغۇن ئوقۇرمەن ياقتۇرۇپ ئوقۇدى، دوست ـ يارانلىرىگە سوۋغا قىلدى. شۇ كىتابىمنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان بىر قىسىم ئىزدىنىشچان ياشلارنىڭ تەشەببۇسىمغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن ئىلىم چېيى يېڭىچە بىر خىل ئىلغار سورۇن مەدەنىيىتى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ جەمئىيەتلەشتى. ئىلىم چېيىمىزغا ھازىرغىچە زىيالىيلار، مەمۇرلار، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئاسپىرانتلار، ستودېنتلار بولۇپ ھەر قاتلامدىن نۇرغۇن ئادەم ئىشتىراك قىلدى. بىز ئىلىم چېيىدا تەبىقە، قاتلام، سالاھىيەت سۈرۈشتۈرمەي ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە دېموكراتىك ئىلمىي سورۇنغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتۇق ۋە «ئىلىمغىمۇ زاكات كېلىدۇ» دېگەن ئاڭ بىلەن ھەر سان ئىلىم چېيىنى يېنىمىزدىن پۇل چىقىرىپ سۇرەتكە ئالدۇرۇپ توردا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈشىگە سۇندۇق.نەتىجىدە ئىلىم چېيىمىزنىڭ تەسىرى ئاشتى، ھەر خىل شەكىلدىكى ۋارىيانتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، ئىلىم چېيىمىزنىڭ جەمئىيەتتە ئوقۇرمەنلەر سانىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى زور بولدى .

بۈگۈنكىسىمۇ ئوقۇرمەنلەر ئىلىم چېيى. دۇنيا كىتاب ئوقۇش خاتىرە كۈنىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ ئىلىم چېيىدا مەن «ئۈستۈن ئوقۇرمەنلىك، روھ پەرۋىشى ۋە ئاقارتىش جاراھىتى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچى. مۇھاكىمەگە كىرىشتىن بۇرۇن مەن ئاراڭلاردىكى رىشتىسى كىتابقا باغلانغان تۆۋەندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن .

ئۈندىدار ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق تاراتقۇلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن نۇرغۇن ئادەم كىتابقا بولغان قىزىقىشى ۋە كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. ماغزاپ بىلىم ، ئۆتكۈنچى ئۇچۇر، يالغان ئىلىمدار ھەممىلار يەرنى قاپلاپ كەتكەن بىر دەۋردە ئۆزلۈكىنى، ئۆز روھىنى ساتماي چوڭقۇر كىتاب ئوقۇۋاتقانلارغا سالاملار بولسۇن!

مۇھتاجلىق، ياشاشنىڭ تەس بولۇشى، ئىشسىزلىق تالاي ياشلىرىمىزنى ھالسىراتماقتا. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە مۇھتاجلىق، غېرىبلىق ۋە ئىشسىزلىق ئازابىغا چىداپ كىتاب ۋاراقلاۋاتقان ئىنى - سىڭىللىرىمىزغا سالاملار بولسۇن!

دەۋرىمىز ۋە مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىز نېمە ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى چوڭقۇر كىتابلاردىن ئىزدەيدىغان ئۈستۈن ئوقۇرمەنلەرنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئاراڭلاردىكى ئەڭ چوڭقۇر، بۈيۈك كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇۋاتقان ئۈستۈن ئوقۇرمەنلەرگە سالاملار بولسۇن!

بۈگۈنكى لېكسىيە مۇنداق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ: بىرىنچى بۆلەك، بىر كىتاب ھەۋەسكارىنىڭ چىقىش يولى ئىزدەش ھېكايىسى: كىتاب ئوقۇش ھاياتىمنى قانداق ئۆزگەرتتى؟ ئىككىنچى بۆلەك، نېمىنى ئوقۇش كېرەك؟ قانداق ئوقۇش كېرەك؟ ئۈچىنچى بۆلەك، ئاقارتىش جاراھىتى ۋە ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىمىزدىكى مەسىلىلەرگە بىر نەزەر. تۆتىنچى بۆلەك، ئۈستۈن ئوقۇرمەنلىك مۇراجىتى. بەشىنچى بۆلەك، خاتىمە ئورنىدا: كىتابنى سۆيگەنلەرگە دەيدىغانلىرىم. مەن بۈگۈنكى مۇھاكىمىدە ئەمەلىي مىساللارنى ۋە پاكىتلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى بىر قانچە قاراشنى ئىلگىرى سۈرمەكچى:

بىرىنچى، ھەقىقىي مەنىدىكى ئوقۇرمەنلىك روھنى پەرۋىش قىلىش ۋە ھاياتنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىگە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىشتۇر. يېتىم روھنىڭ نالە - پەريادىنى بېسىقتۇرۇشنىڭ، روھنى ئۆزىگە قاندۇرۇشنىڭ، روھنى ئۆزىگە چۆمۈلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئېسىل كىتابلارنى ئوقۇشتۇر.

ئىككىنچى، مەن گۆدەك، رىياكار ئوقۇرمەننى مەنسىتمەيمەن. مېنىڭ يېزىقچىلىق ئوبيېكتىم ۋە ئىزدەيدىغىنىم ئۈستۈن ئوقۇرمەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۈستۈن ئوقۇرمەن نېمە ئۈچۈن، قانداق كىتاب ئوقۇش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن، سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى چوڭقۇر يەردىن ئىزدەۋاتقان، ئىزدىنىشلىرىنى ئومۇمىي مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىيالايدىغان روھىي تېرەن ئوقۇرمەندۇر.

ئۈچىنچى، نۆۋەتتە، كىتاب ئوقۇش توغرىسىدا رىيا، شۆھرەت ئارىلاشقان چۇقانلار كۆپ بولۇۋاتىدۇ. كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىمىزنى ھەقىقىي مەنىدە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىكىمىزدە رىيا، ساددىلىق كۆلەڭگىسى ئەمەس، ماھىيەتلىك، مەزمۇنلۇق تەركىبلەر كۆپرەك بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، نەچچە ئون يىللاپ ئاقارتىش قىلدۇق. بىراق، قىلغان ئاقارتىشلىرىمىز چالا بولۇپ قالدى. دەۋرىمىزدە نەشرىياتچىلىقتىكى پىلانسىزلىق، كىتابچىلىقىمىزدىكى بىخۇدلۇقلار، بىپەرۋالىقلار تۈپەيلىدىن ئەخلەت كىتابلار تۆكمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زامانىۋىي ساۋاتسىزلىق باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئەمدى مۇشۇ مەسىلىلەرگە دىئاگنوز قويىدىغان ۋاقىت كەلدى.

بىرىنچى بۆلەك: بىر كىتاب ھەۋەسكارىنىڭ چىقىش يولى ئىزدەش ھېكايىسى: كىتاب ئوقۇش ھاياتىمنى قانداق ئۆزگەرتتى؟

«بىر كىتاب ئوقۇدۇم، شۇنىڭدىن باشلاپ ھاياتىم ئۆزگەردى.» مانا بۇ- مەشھۇر تۈرك يازغۇچىسى، 2006 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى ئورخان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» ناملىق رومانىنىڭ تۇنجى جۈملىسى. روماندا بىر كىتاب بىر پېرسوناژنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەمما رومان تۈگىگۈچە «مەن» ئۇ كىتابنىڭ قايسى كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ. مەنمۇ ھاياتلىق بابىدىكى بىر ئوقۇرمەن، ئوخشاشلا ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش پەيتلىرىدە بىرۋە بىر قانچە كىتاب ئوقۇدۇم. كىتاب ئوقۇش ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى. لېكىن ئورخان پاموكنىڭ پېرسوناژىنىڭ ئەكسىچە، مەن بۈگۈن سىلەرگە قايسى كىتابلارنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى دەپ بېرىمەن.

مەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى، ئۈنۈمى، ئەھمىيىتى ھەققىدىكى تىرىك پاكىت. ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەتتاتلىق نۇسخىلىرىنى ، ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگەندىم؛ ئەدەبىي تەرجىمىنى ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەندىم. ئىنگلىز تىلى ئوقۇ- ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئۇتۇقلىرىم ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق رويابقا چىقتى. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ھازىرغىچە ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئۆتۈلگەن دەرسلەرگىلا قاراپ قالغان بولسام، بۈگۈنگىچە ئۆزۈمدىن ھالقىيالمىغان بولاتتىم. شۇ تەسىراتلىرىمنى يىغىنچاقلاپ، بەگمەت يۈسۈپ ئاكا باش مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ياشاش ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر»ناملىق بىر پارچە سۆھبەت خاتىرىسى ئېلان قىلدىم. ماقالىدە« ياشاش دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ كېلىپ، «ياشاش ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر» دەپ ئېيتقاندىم .بۈگۈنكى دەۋردە بەزىلەر بەلكىم «كىتاب ئوقۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ھەممە ئۇچۇر ئۈندىداردا بار تۇرسا» دېيىشى مۇمكىن. مەن «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەپ جاراب بېرىمەن. گېرمانىيە پەيلاسوپى فېردرىخ نىتچشې بىر كىتابىدا «نېمە ئۈچۈن بىزنى باشقا كىتابلارنى ئوقۇماس قىلىۋېتىدىغان بىر كىتاب يوق» دەپ يازىدۇ. ئەپسۇس، ئىنسانىيلىق مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا نادانلىق بىلەن قوشكېزەك. ئىنسان نادانلىقىنىڭ چېكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن سوئاللىرىمىزنى بىرلا كىتابنىڭ قاندۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇنداق كىتابنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ھازىرغىچە ئوقۇغان نۇرغۇنلىغان كىتابلار روھىمنى زىلزىلىگە سالدى، ئەنە شۇ زىل- زىلىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ھاياتنىڭ قىيىن پەيتلىرىدە جۈرئەت ۋە شىجائەت بىلەن ياشاپ كەلدىم. لېكىن، بىلمەيدىغانلىرىم ناھايىتى كۆپ. بىلمەيدىغانلىقىمنى كىتاب ئوقۇش ماڭا ئۆگەتتى. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەر كۆپ، ئۇنى ئوقۇرمەنلىك ماڭا ئۆگەتتى. ھاياتنى ھەقىقادىغا يەتكۈزۈپ ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىش قىلىشىم كېرەك. بۇنى ماڭا ئوقۇرمەنلىك ھوزۇرى ئۆگەتتى. مەشھۇر پېرۇ يازغۇچىسى بارگاس لوسا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئېلىش نۇتۇقىدا «ئوقۇرمەنلىك ھاياتنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىگە

قىلىنغان ئىسيانىدۇر» دېگەنىدى. بىز ھەقىقىي مەنىدىكى ئوقۇرمەنلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغان چېغىمىزدا روھىيىتىمىزدىكى كەم قالغان بوشلۇقلار تولۇقلىنىدۇ. ھايات يولىدا تىرىشىپ-تىرمىشىپ ياشاپ، روھىمىز ۋە يۈرىكىمىز چارچايدۇ. قەلبىمىزدە بىسەرەمجانلىق ۋە پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا قەلبىمىزدىكى بو شلۇقلارنى تولۇقلاشنىڭ، قەلبىمىزدىن كېلىۋاتقان نالە - پەريادلارنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى مۇنەۋۋەر نادىر كىتابلارغا يۈرۈش قىلىشتۇر. بۇنى كىتاب ئوقۇش ھاياتىم ماڭا ھېس قىلدۇردى.

2013-يىلى 11-ماي ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلىم مۇنبىرىدە دوكتورلۇق دېپلومىنى قولۇمغا ئېلىش ئالدىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئامېرىكىدىن قايتىپ كېتىش ھەققىدە نۇرغۇن خىياللارنى سۈرگەنىدىم. ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىشىمدە 10 تۈرلۈك سەۋەب بار. بۈگۈن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى سەۋەبنى ئاشكارىلاي. مەن ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇيغۇر بولۇش ئۈچۈن ۋەتەندە ياشىشىم، قايغۇ - شادلىقلاردا ئۆز جامائىتىم بىلەن بىرگە بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇنى ماڭا ياخشى كىتابلار ھېس قىلدۇردى. تۆۋەندە مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان ھەم ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەن كىتابلارنى چېكىنمە بايان شەكلىدە، يېقىندىن يىراققا ئەسلەش شەكلى بىلەن تەكتىلەپ ئۆتمەكچىمەن

ماڭا ئامېرىكىدا ئوقۇش داۋامىدا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان رومانلارنىڭ بىرى ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك مەشھۇر يازغۇچى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى تونى موررىسوننىڭ «جان قوزام» ناملىق رومانى. بۇ رومانىنى ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدىم. بۇ رومانىدا قارا تەنلىكلەرنىڭ نىجاتلىق ئىزدەش جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. سېپس ئىسىملىك باش پېرسوناژ قۇللارنىڭ ئېكىنزارلىقىدىن بوۋىقىنى ئېلىپ قاچىدۇ. قۇلدار قوغلاپ كەلگەندە ئۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىنى ئۆزىگە ئوخشاش تەقدىرگە قالماسۇن دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ھەم بىر ئۆمۈر شۇ بوۋىقىنىڭ ئەرۋاھىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئىنگلىز تىللىق ئەدەبىيات ساھەسىنى زىل - زىلىگە سالغان. ئەڭ مۇھىمى، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى ئۆتكۈزگەن 25 يىلدىن بۇيان ئىنگلىز تىلىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ نادىر رومانلارنى باھالاش پائالىيىتىدە بىرىنچى بولۇپ باھالانغان. مەن بۇ رومانىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېگە بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن ئېپتىخارلىنىمەن.

مۇشۇ بىر پارچە رومان مېنىڭ ئامېرىكىنىڭ جەلپكار يۈزىنىڭ كەينىدە يەنە بىر قارا يۈزى بارلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى روشەنلەشتۈردى. مەن ھازىرغىچە مەلۇم بىر مەدەنىيەتنى قارىغۇلارچە تەنقىدلەشتىن ساقلىنىپ كەلدىم، ئامېرىكا مەدەنىيىتىنى زىيادە كۆككە كۆتۈرۈشتىنمۇ ساقلىنىپ كەلدىم. مەن ئىزدىنىش داۋامىدا مۇنداق ئۈچ خىل ئامېرىكىنى بايقىدىم. بىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، ئىككىنچىسى، ئامېرىكا خەلقى، ئۈچىنچىسى، ئامېرىكا زېمىنى. مېنى ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن تەمىنلىگەن ئامېرىكا خەلقىگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. ئەمما، تالايلىغان تەڭسىزلىكلەرگە، ئادالەتسىزلىكلەرگە سەۋەبچى بولغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە پىكرىم بار. «جان قوزام» ناملىق رومانىدا « بۇ دۆلەتتىكى

ھەربىر لىم ۋە ھەربىر بوســۇغىنىڭ تۈۋىدە بىر قارا تەنلىكنىڭ ئەرۋاھى يوشــۇرۇنۇپ ياتىدۇ» دېگەن بىر جۈملە ســۆز بار. بىر قۇلغا دېموكراتىيە ۋە ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئامېرىكىنىڭ ئەركىنلىك نىقابىنىڭ ئەڭ كەينىدە بىز بىلىشــنى خالىمايدىغان، ھوللىۋود كىنولىرىدا كۆرەلمەيدىغان يەنە بىر قاراڭغۇ تەرىپى بار. مەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى «تەپەككۇر» ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئامېرىكىنىڭ ئىككى يۈزى»ناملىق ماقالەمدە ئىلگىرى سۈردۈم .

ماڭا تەسىر قىلغان ئىككىنچى مەشھۇر كىتاب بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق پروفېسسورى، داڭلىق تارىخچى، ئەركىنلىك جەڭچىســى خوۋارد زىننىڭ «ئامېرىكىنىڭ قاراڭغۇ تارىخى» ناملىق كىتابى. بۇ ئەســەردە ئامېرىكىنىڭ ئۈچ ئەســىردىن بېرى ئاجىزلار توپىنى - قارا تەنلىكلەرنى، ئىندىئانلارنى، كۆچمەنلەرنى، ھاۋايلىقلارنى قانداق ئەزگەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن مىســال ۋە پاكىت بار. بۇ كىتاب بىزنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى خام خىيالىمىزنى بەربات قىلىدۇ. مەن بۇلارنى ســۆزلەش ئارقىلىق مۇنداق دېمەكچىمەن. ھەربىر پارچە قالتىس ئەســەر بىزنىڭ نادانلىقىمىزنى ئېســىمىزگە سېلىپ، روھىمىزنى قايتا قۇرىدۇ. بۇنى مەن مۇنداق ئاددىي مىســال بىلەن ئىپادىلەي. ئون يىللاردىن بۇرۇن، يەنى 2005 - يىلى مۇشــۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ شــۇ چاغدىكى قاراشــلىرىمىزدىن گۇمان قىلمايتتۇق. ئەمدىلىكتە 10 يىلدىن كېيىن ئەينى چاغدىكى نۇرغۇن قاراشــلىرىمىزدا ســاددىلىق بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. مېنى ئويلاندۇرىدىغان شۇنداق بىر سوئال بار. بىز نېمە ئۈچۈن ھاياتىمىزنى، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىشــىمىزگە ياردىمى تېگىدىغان پايدىلىق پاكىتلارنى بالدۇراق ھېس قىلالمايمىز؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل پاكىتلارنى بالدۇراق ھېس قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى سىستېمىلىق كىتاب ئوقۇشتۇر.

فىرانسىيەنىڭ داڭلىق پەيلا سوپى مىچىل فۇكوۋنىڭ «تۈزۈم ۋە جازا» ناملىق پەلسەپۋي ئە سىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دەۋىر بۆلگۈچ ئە سەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئامېرىكىدا ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە ســالدى. بۇ ئەســەردە بيوروكراتلىق ۋە تۈزۈمنىــڭ روھىمىزغــا قــانــداق زەھەرلەرنى سالىدىغانلىقى،ئۆزلۈكىمىزنى قانداق زەخىملەندۈرىدىغانلىقى ئەكس ئەتكەن. مىچېل فۇكونىڭ بۇ كىتابتا ئىلگىرى سۈرگەن تارىخ پەلسەپىسىمۇ مېنى ئامېرىكىدىن ئۆزۈل - كېسىل قايتىپ كېتىشكە سەۋەپ بولغان ئامىللارنىڭ بىرى .

2000 - يىلى بىر يىل ئۇيقۇســىزلىقنىڭ ئازابىنى تارتتىم، شــىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرســىتېتى دوختۇرخانىســىدا بىر ئاي ياتتىم. شــۇ ۋاقىتتا دوختۇر ماڭا : « ســېنىڭ گىرىپتار بولغىنىڭ جاھىل خاراكتېرلىك ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى، بىر ئۆمۈر دورا يېيىشىڭ كېرەك» دېگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇخلىتىش دورىســىنى تۆت ئاي يېدىم، تۆت ئايدىن كېيىن دورىنىڭ ئەكس تەســىرىدە ئۆگىنىپ بولغان ئىنگلىز تىلىمنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتتىم. كىتابنىڭ كېيىنكى بېتىنى ئوقۇسام ئالدىنقى بېتىنى ئۇنتۇپ قالاتتىم، مۇشۇنداق پاجىئەلىك تەقدىر مەندەك ئۆگىنىش ئىشتىياقى بار بىر ئادەمنىڭ بېشىغا 25 يېشىدا كەلدى.

شۇ قېتىم پەيتلەردە بىر تۈركۈم كىتابلار مېنىڭ ھاياتىمدا مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق پىسخولوگ ۋايىن دىيېرنىڭ «سىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىڭىز» ناملىق كىتابىنى مەن ئۇيقۇسىز بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ناھايىتى سىستېمىلىق ئوقۇدۇم، كېيىنچە، دالى كارنېگىنىڭ «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» ناملىق كىتابىنمۇ بېرىلىپ ئوقۇدۇم. بۇ كىتابتىكى ئۇيقۇسىزلىق كېسەللىكگە گىرىپتار بولۇپ قالغان نۇرغۇن كىشىنىڭ ساقايغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈمىدكە تولدۇم، ھەرىكەتكە ئۆتتۈم. ئىنگلىز تىلىنى قايتىدىن ئۆگەندىم، كىتابلارنى قايتىدىن كۆردۈم. كېيىن بارلىققا كەلگەن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» يۈرۈشلۈك دەرسلىكلىرى ۋە «سەرخۇش ئېنگلىزتىلى گىراماتىكىسى» شۇ چاغدىكى ئىزدىنىشلىرىمنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مەن بۇلارنى دېيىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، ئېسىل بىر پارچە كىتاب بىزگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ ۋە ياشاشنىڭ متودىنى ئۆگىتىدۇ،ھالقىلىق ئازاب پەيتلىرىدە قىيىنچىلىقلاردىن قانداق ھالقىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ .

شۇ تاپتا باللىق دەۋرىمدە قەلبىمنى زىلزىلىگە سالغان ۋە ۋۇجۇدۇمدا چوغ بولۇپ ساقلانغان بىر قانچە پارچە كىتاب ھەققىدە سۆزلەشنى لايىق تاپتىم. ئۇنىڭ بىرسى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قىيامەتتە قالغان سەھرا» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلىمى. مەن بۇ ئەسەرنىڭ ماڭا بەرگەن ھوزۇرىنى ھازىرغىچە ئۇنتالمايمەن. ئۇ چاغدا يازغۇچىلار ئارىسىدا بىزنىڭ رېئاللىقىمىزنى ساختا يازدىغانلار كۆپ ئىدى.ئەختەم ئۆمەر ئاشۇ ۋاقىتتا ساختا يازارمەنلىككە قارشى ئەڭ بۇرۇن چۇقان كۆتۈرگەنلەرنىڭ بىرسى ئىدى.

باللىق دەۋرىمدە مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغان ئىككىنچى ئەسەر مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ« ئىز» ناملىق رومانى. مەن بۇ رومانىنى 14 يېشىمدا ئوقۇدۇم. روماندىكى تۆمۈر خەلپىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ۋە باشقا تەپسىلاتلار ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.ئۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇم يازغۇچىمىزنىڭ قولىدا يەنە بىر پارچە رومانىنىڭ يېزىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۆت يىل ساقلىدۇق. بۇ رومانىنىڭ داۋامى «ئويغانغان زېمىن» شەكلىدە مەيدانغا كەلدى.«ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانى مەندىكى تارىخ ئېڭىنى، تارىخنى بىلىش ئىستىكىنى ئويغاتقان نادىر رومانلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.ئۇنىڭدىن باشقا ئىنگلىزتىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىمگە سەۋەبچى بولغان بىر رومان ، خەنزۇتىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىمگە سەۋەبچى بولغان يەنە بىر رومان بار .

1992 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا ئۆتتۈم. شۇچاغلاردا كۇتۇپخانىدا مەرھۇم تەرجىمە ئۇستازى توختى باقى ئارتىشىنىڭ «تەرجىمە تەجرىبىسىدىن ئۈرنەكلەر» ناملىق كىتابىنى ئۈچ ئاي قېتىرقىنىپ ئوقۇپ چىقتىم، كېيىن ئەدەبىي تەرجىمىگە ئىشتىياق باغلىدىم. 1993 ـ يىلى مەرھۇم ئەدەبىي تەرجىمان مۇساجان ئەزىزى ئاكا تەرجىمە قىلغان «ئاداۋەت» ناملىق رومانىنى 50 بەت سېلىشتۇرۇپ ئوقۇدۇم. مانا شۇنىڭدىن كىيىن تەرجىمىدە ئېچىلىپ كەتتىم. ماڭا ئەدەبىي

تەرجىمىنىڭ نىمىلىكىنى ئۆگەتكەن تۇنجى ئۇستازىم مەرھۇم مۇساجان ئەزىزى ئەپەندى ئىدى. شۇڭا ئۇنى چوڭقۇر ئەسلەش بىلەن تىلغا ئالىمەن. بىزدە شۇنداق بىر گەپ بار، «ئەجرىنى دەرياغا قىل، ساۋابىنى سايدىن سورا». مۇساجان ئەزىزى ئاكا ماڭا بىر كۇنمۇ دەرس ئۆتكىنى يوق. ئەمما، ئۇ پەشقان قەلىمى ، يۇقىرى تەرجىمە ماھارىتى ئارقىلىق قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان مەشھۇر تەرجىمانلارنىڭ بىرى. «ئاداۋەت» رومانى مەشھۇر روس يازغۇچىسى ئاناتولى ئىۋانوفنىڭ روسىيەدە زىلزىلە قوزغىغان ئەسىرى بولۇپ بۇ ئەسەرنى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى كۇتۇبخانىسىدىن ئارىيەتكە ئېلىپ ئۇيغۇرچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇدۇم. كۈندە ئىككى بەتتىن پەقەتلا 50بەتلا سېلىشتۇردۇم. نەتىجىدە ئۈچ ئايدىن كېيىن دەرسلىكتە مەن بىلمەيدىغان خام سۆزلەر ئاز قالدى،خەنزۇتىلىنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسىنى ياخشى چۈشەندىم. شۇڭا مەن دەيمەنكى، تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىككى خىل تىللىق رومانىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇش. مەن بۇنداق ئىلغار مىتودنى ئىنگىلىزتىلىغىمۇ تەدبىقلىدىم. مەشھۇر ئەنگلىيە يازغۇچىسى جېين ئاستىننىڭ «ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئاداۋەت» رومانىنىڭ ئىنگىلىزچىسىنى خەنزۇچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇدۇم. كۈندە ئىككى بەت ئوقۇيتتىم؛ كۈندە ئۇچرىغان خام سۆزنى ، ھەر بىر قۇرۇلمىنى ناھايىتى ئىنچىكە تەھلىل قىلاتتىم. كېيىنچە بۇنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، كۆپىنچىمىز بىر نەرسىنى تېز سۈرئەتتە ئۆگەنمەكچى بولىمىز، ئەمما بۇ بىر خام خىيال. چوڭقۇرلاپ ، تەستە ئۆگەنگەن نەرسە روھىمىزدا زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئاسان ئۇنتۇمايمىز.جېين ئاستىننىڭ شۇ رومانى ماڭا ئىنگىلىزتىلىنى ئۆگەتكەن رومان،«ئاداۋەت» ماڭا خەنزۇتىلىنى ئۆگەتكەن رومان.ھازىرغىچە گارسىيە ماركوزنىڭ ، تۇرگىنېفنىڭ ، جامىس جويىسنىڭ ،تونى موررىسوننىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلدىم.

ياشلىق دەۋرىمدە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان رومانلاردىن يەنە بىرى «يۈز يىللىق غېرىبلىق». بۇ رومان ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك تەقدىرى بولغان غېرىبلىقنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى ئۈچۈن 1982-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك تەقدىرىنىڭ ، مەڭگۈلۈك سۇئاللىرىنىڭ بىرسى غېرىبلىقتۇر . غېرىب تۇغۇلىمىز،غېرىب ئۆلۈپ كىتىمىز. شاۋقۇنلۇق شەھەر ھاياتىدا ، ئادەملەر دېڭىزى ئارىسىدا تۇرۇپ غېرىبلىق ھېس قىلىمىز. غېرىبلىق چېگرا ، سىنىپ ،مىللەت ھالقىغان مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى .

ئامېرىكىغا چىققاندىن كېيىن ئېنگلىزچىسىنى ئوقۇغان«قەلئە»ناملىق رومانىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇ مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى كافكانىڭ رومانى بولۇپ، ئەسەردە k ئىسىملىك بىر پىرسوناژ بىر قەلئەگە كېلىدۇ، ئەمما بۇ قەلئەنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ. پۈتۈن ئەسەر شۇ پىرسوناژ قەلئەدىن چىقالماي ئاخىرلىشىدۇ. بۇ رومان بيوروكراتلىقنىڭ، تۈزۈلمىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىغا سالىدىغان بالايىئاپەتلىك ئاقىۋىتى ھەققىدىكى كىنايىسى بىلەن مەشھۇردۇر. كافكانىڭ بۇ ئەسىرى ھازىرغىچە

نەچچىلىگەن يازغۇچىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئىلمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مويەن ئۆزىنىڭ گارسىيە ماركوز، كافكانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرتىلىدا چىققان داڭلىق ئەسەرلەردىن «جىنايەت ۋە جازا» رومانىمۇ بار. بۇ ئەسەرنىمۇ مەرھۇم مۇساجان ئەزىزى ئاكا تەرجىمە قىلغان. ئەسەر روس يازغۇچى دوستويېۋسكى تەرىپىدىن يېزىلغان. دوستويېۋىسكىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنى تولستويدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ«جىنايەت ۋە جازا»، «ئەخمەق»قاتارلىق رومانلىرىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە، ئىنساننىڭ ئازابلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقىدا. «جىنايەت ۋە جازا»ناملىق روماندا مەۋجۇدىيەتنىڭ قىينىلىقى، ياشاشنىڭ تەسلىكى، ئىنسان خاراكېتىرىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ئىبارەت بىر باش تېما ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن . رومانىنىڭ زىلزىلىسى بىلەن مەن1996 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان چاغدا «جىنايەت ۋە جازا» رومانىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى يېزىپ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنىدىم. مەرھۇم مۇساجان ئەزىز ئاكا قانداق ئەسەرنى تونۇشتۇرۇشنى بىلىدىغان، ئەسەر تونۇيدىغان مۇتەپەككۇرسىمان تەرجىمان ئىدى. ئېيتىش كېرەككى، تەرجىمانلار بىر مىللەتنىڭ روھ قۇرۇلۇشىدا ۋە ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىدە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ . لېكىن بىزدە ھازىر يارامسىز تەرجىمانلار، پارتىزانىكىسى تەرجىمانلار ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھال مېنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ .

ئىككىنچى بۆلەك، نېمىنى ئوقۇش كېرەك؟ قانداق ئوقۇش كېرەك؟

ھازىرغىچە نۇرغۇن ستۇدېنت دوسلار ، ياشلار مۇشۇ مەسىلىنى لېكسىيەلەردە مەندىن كۆپ قېتىم سورىدى. بۇ لېكسىيەنى سۆزلەشتىن بۇرۇن كىتاب ۋە ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتى ھەققىدە ، نېمىنى ئوقۇش ھەققىدە جەمئىيەت تەكشۈرۈشى قىلدىم. يېقىندىن بۇيان ياخشى كىتابلارمۇ ئاز ساندا چىقىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەخلەت كىتاب ياكى چىقماسلىققا تېگىشلىك كىتابلارمۇ يەتكۈچە چىقىۋېتىپتۇ.ئالدىغا كەلگەن كىتابنى نەشر قىلىش،پىلانسىزلىق ، بىپەرۋالىق نەشرىياتچىلىقىمىزدىكى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. كىتاب ھەۋەسكارلىرى ئارىسىدا ئالدىغا كەلگەننى ئوقۇيدىغان ، قىززىققانلىق بىلەن ئوقۇيدىغان گۆدەك ئوقۇرمەن ئاۋۇپ كەتتى. بۇنداق گۆدەك ئوقۇرمەنلەر ، رىياكەش ئوقۇرمەنلەر بىر مىللەتنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئانچە چوڭ رول ئوينىيالمايدۇ. قانداق ئوقۇش ،نېمىنى ئوقۇش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل دىت،دىستىراتېگىيە تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابنى تونۇشقا ۋە ئوقۇشقا پايدىسى بولىسۇن ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك كىتابلارنى تەۋسىيە قىلماقچى:

ئەگەر سىز ئازابلىنىۋاتقان ، يوشۇرۇن كۈچىڭىزنى قىزىپ مەۋجۇتلۇق ھالىتىڭىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى كىتابلار سىزگە ياردەم بېرىدۇ: « سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز»، «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە»، «قايغۇرماڭ، باتۇرلاچە يا شاڭ». ئەگەر سىز بىر ئۇيغۇر ياش بولسىڭىز، تۆۋەندىكىدەك كىتابلارنى چوقۇم ئوقۇشىڭىز كېرەك. «ئانايۇرت»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «بالدۇر ئويغانغان

ئادەم» ، « ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» ، «كەچمىش» ، «ھايات شامالليرى» ، «قۇم باسقان شەھەر» ، «تەۋپىق ئەپەندى». بۇ رومانلار ۋە تارىخىي قىسسەلەر بىزگە ئوقۇرمەنلىك لەززىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزدە تارىخىي ئاڭ ۋە تارىخنى بىلىش ئىستىكىنى يېتىلدۇرىدۇ. ئەگەر سىزدە ئېگىلىك تىكلەش ئىستىكى بولسا ۋە پۇلنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، ئۇيغۇر تىلىدا چىققان تۆۋەندىكى كىتابلار سىزگە ياردەم بېرىدۇ: كارخانىچىلارنىڭ مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرى، شىركەتنىڭ كۆچ قۇدرىتى، باي دادام، نامرات دادام.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ۋە مەۋجۇتلۇقىڭىزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، مۇنۇ كىتابلارنى ئوقۇمىسىڭىز بولمايدۇ: ئۆزىڭىزنى ئېتراپ قىلايلى، يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت،ئۆزلۈك ۋە كىملىك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىسلام مەدەنىيىتىمىزنى ۋە ئۆرپ-ئادىتىمىزنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان كىتابلاردىن «شېرىن بۇلاق»، «ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى» ، «ئىسلام دىنىنىڭ سۆيۈملۈك دەۋرى» قاتارلىقلار بار. بۇ كىتابلار ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەردۇر. ئەگەر سىز پەلسەپىۋى پىكىرنى ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، تەپەككۇرىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى كىتابلار سىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ: ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە، سوفىيەنىڭ دۇنياسى،سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى.

نادىر چەت ئەل رومانلىرىدىن كافكانىڭ «قەلئە» ناملىق رومانى، تونى مورىسوننىڭ «جان قوزام »ناملىق رومانى ،گارسىيە ماركوزنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق ناملىق» رومانى،ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا، قورالىم» ناملىق رومانى، ياشار كامالنىڭ «مەمەت ئاۋاق» ناملىق رومانى ، ئورخان پامۇكنىڭ «مېنىڭ ئېتىم قىزىل» ناملىق رومانى، دوستويېۋىسكىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا » ناملىق رومانى، مۇستاپا ئەمىننىڭ «تۇنجى مۇھەببەت» ناملىق رومانلىرىنى ئوقۇش كېرەك.

كېيىنكى مەسىلە قانداق ئوقۇش كېرەك مەسىلىسى. ئۇنداقتا قانداق ئوقۇش كېرەك؟ مېنىڭ قوللانغان ئۇسۇلۇم كىتابنى پەيلەپ ئوقۇش. كىتابنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، مۇقاۋىسىنى، مۇندەرىجىسىنى،ئارقا بەتلىرىنى ، ئاپتورنىڭ تەرجىمھالىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىمەن، لېكىن دەرھال ئوقۇشقا كىرىشمەيمەن. پەيلەپ ئوقۇش كىتابقا نىسبەتەن زوقمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە كىتابقا كىرىشتىن ئاۋال ئىزدەنمەكچى بولغان سوئالنى ئايدىڭلاشتۇرىمەن، يەنى كىتابتىن زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىمنى ئېنىق چۈشىنىشكە تىرىشىمەن. ئۈچىنچى قەدەمدە كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى تۇتىمەن. بۇ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ياخشى ئۇسۇل. ئەسلى ماقالە يېزىشنىڭ قائىدىسى توغرىسىدا كۆپ بىلمىگە ئىگە ئەمەس ئىدىم. كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى تۇتۇش، كىتابقا بولغان تەسىراتىنى ئىزچىل يېزىش مەندە ماقالە يېزىقچىلىقىغا نىسبەتەن بىرخىل ئىستەك ئويغاتتى ۋە پىكىرلىرىمنى رەتلىشىمگە ياردەم بەردى. شۇڭا ئامېرىكىدىن جەمئىي 28 پارچە خاتىرىنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە قايتۇرۇپ ئەكەلدىم. خاتىرىلىرىم مېنىڭ ئۆز روھىمنىڭ داۋامىدۇر. تۆتىنچى قەدەم گۆدەك ئوقۇرمەنلىكتىن ھالقىپ رەسمىي ھالدا تەتقىقات

خاركتېرلىك ئوقۇشقا كىرىشىش باسقۇچى. تەتقىقات خاراكتېرلىك ئوقۇش دېگەن نېمە؟ بۇ دېگەنلىك ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان باش تېمىلىرىمىزنى رەتلىۋېلىپ، باش تېمىدىن چەتنىمىگەن ئاساستا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنى تاللاپ چىقىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىزىقىشىمىز بويىچە ئىچكىرلەپ كىرىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن مەۋجۇتلۇق، مەدەنىيەت ، كىملىك قاتارلىق تېمىلارغا قىزىقساق، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنى ئوقۇش،ئەسلەش ۋە ئۇ ھەقتە خاتىرە يېزىشتىنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. تەتقىقات خاراكتېرلىك ئوقۇشتا خاتىر قالدۇرۇش بىلەنلا قالماي، ئەڭ موھىمى باش تېمىدىن چەتنىمىگەن ھالدا ئۆي-پىكىرلىرىمىزنى رەتلەيمىز. سوئال بىزنى يېتەكلەيدۇ. سوئال قويۇش نەتىجىسىدە بىز قالايمىقان كىتاب ئوقۇشتىن ساقلىنالايمىز. ئەگەر بىز تەتقىقات خاراكتېرلىك ئوقۇشقا كۆنسەك، بۇرۇن تەس ھېسابلىغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئاسان ھەزىم قىلالايمىز.

يۇقىرىقى جەريانلار تاماملانغاندىن كېيىن بىز يەنە بىر كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بىر ئاجىزلىقىمىز شۇكى، بىر نەرسىنى ئازراق بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىمىزگە قاتتىق ئىشىنىدىغان بولىمىز. ئەمما، شۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن تونۇشلىرىمىز خاتا بولۇپ چىقىدۇ. بىز پەقەت دىيالوگ ۋە سۆھبەتكە كىرگەن ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ تونۇشلىرىدىكى خاتالىقلارنى بايقايمىز. ئىلىمنىڭ ئۆزى يېرىم، يەنە بىر يېرىمى دىيالوگ. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ئاسپىرانت مائارىپىدا مۇھاكىمە، مۇنازىرە شەكلىدە دەرس ئۆتۈلىدۇ. بۇنىڭ پايدىسى كۆپ، كىشى ئوخشىمىغان پىكىرلەردىن زەرەتلىنىدۇ. ئەمما بىز جەمئىيىتىمىزدە غەلىتە بىرخىل بىمەنىلىكنى، يەنى ئوخشىمىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ كېتىدىغان ، ئۆزئارا ئۆچ ئالىدىغان ئەھۋاللارنى بايقايمىز. مەنچە قارشى نۇقتىدىكى پىكىر ئۆچ كۆرۈلمەسلىكى مۇنازىرە روھى بىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىشكە يېتەكلەيدۇ، شۇڭا بەلگىلىك دائىرىدە كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇش ئىنتايىن موھىم. بىزنىڭ ئىلىم چېيىمىزنىڭ بىر تەشەببۇسى دەل مۇشۇ يەردە .

ئۈچىنچى بۆلەك، ئاقارتىش جاراھىتى ۋە ئوقۇرمەن مەدەنىيىتىمىزدىكى مەسىلىلەر

يېقىندا بىرەيلەن ماڭا سوئال قويدى، كىتاب ئوقۇغانغا ئادەم ئەقىللىق بولۇپ كېتەمدۇ؟ كىتاب ئوقۇغانغا ئادەم ئەخلاقلىق، ئالىجاناب بولۇپ كېتەمدۇ؟ مېنىڭچە بۇ دەۋرىمىزدە جايىنى تاپقان سوئال، ئىنتايىن ئۆتكۈر سوئال. شاپتۇل داموللامۇ كىتاب ئوقۇيتتى، ئىنتايىن پارا سەتلىك ئادەم ئىدى، لېكىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋەتتى. نىياز ھېكىمبەگمۇ كىتاب ئوقۇيتتى، ئۇمۇ خەلقنىڭ بىر مۇنچە مەنپەتىنى سېتىۋەتتى. جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن ئادەم كىتابنى يەتكۈچە ئوقۇدى، ئەمما رېئال دۇنيادا ياخشى ئادەم بولالمىدى. بىزمۇ ھەم نۇرغۇن تەرەپلەردە كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقانلىقىمىزنى كىتاب ئوقوش ئارقىلىق ھېس قىلىۋاتىمىز. ئۇنداقتا بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان نۇقتا نېمە؟ بىلىشىمىز كېرەككى، كىتاب ئۇ جانسىز نەرسە، ئۇ دۇنيانى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەمما كىتاب بەرگەن روھي ئېنېرگىيە بىلەن ئىنسان رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدۇ،

ئۆز نۆۋىتىدە كىتابمۇ ئىنسانغا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى ئەلۋەتتە كىتاب ئاتا قىلغان تونۇش ھەرىكەتكە ئايلانغان بولىشى كېرەك. ئامېرىكا مائارىپچىسى جون دۇۋېي بىر مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ھەرىكەتكە ئايلانمىغان تونۇش ئەھمىيەتسىزدۇر». نۇرغۇن كىشىلەر كىتابلارنى ئوقۇدى؛ ئەمما توخو يۈرەك ، قورقۇنچاق بولۇپ كېتىشتى. بۇ يەردىكى گەپ دەل تونۇشنىڭ ھەرىكەتكە ئايلانمىغانلىقىدا، سۈكۈتنىڭ زىيادە ئىشىپ كەتكەنلىكىدە .

ھازىر خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر ئاچچىق كىنايە بار. زىيالى دېگەن نېمە؟ كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار گالاستۇك تاقاپ يوتقانغا كىرىدىغان ئادەملەردۇر. بۇنچە ئاچچىق كىنايە خەلق ئىچىدە نېمە ئۈچۈن چىقتى؟ بۇ ئاددى مىسال ئوقۇرمەن مەدەنىيىتىمىزدىكى بىر كىرىزىسنى، مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كىتاب ئوقۇغانغا ئەقىللىق بولۇپ كەتتۇقمۇ؟ كىتاب ئوقۇغانغا ئالىجاناب بولۇپ كەتتۇقمۇ؟ ناتايىن. ھالقىلىق پەيتلەردە كىتاب ئوقۇغانلار كەتكۈزۈپ قويىۋاتىدۇ. ئاۋامنىڭ زىيالىيلار ھەققىدىكى سادا سىغا قۇلاق سالىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. ئەگەر بىلگەنلىرىمىزنى، تونۇشلىرىمىزنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرمىساق، ئوقۇغاننى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىسەك، ئۇنداقتا ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلىك ، ئىنسانلىق سۈپىتىمىزگە يۈز كېلەلمەيمىز.

دەۋرىمىزدە يەنە ئاقارتىش جاراھىتى ئىغىرلاپ بارماقتا. ئاقارتىش جاراھىتى دېگەن نېمە؟ بىر خىل تونۇشنى، بىرخىل چۈشەنچىنى، بىر خىل پىكىر ئەندىزىسىنى مۇبالىغە قىلىۋېتىپ، سۈكۈت ئىچىدە ياشاشتىن ياكى زىيالىيلارنىڭ كوللىكتىپ ئاڭسىزلىقىدىكى تەپەككۇر ئەخلەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن پەيدا بولغان سەلبىي ئاقىۋەتتۇر. مەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى يېقىندا تەپەككۇر ژورنىلىنىڭ 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاقارتىش جاراھىتى ۋە ئاددىي ئەقىل» ناملىق ماقالەمدە ئەكس ئەتتۈردۈم. بىزگە نىسبەتەن ئاقارتىش بولسىلا، بىر خىل تونۇش شەكلى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. غەرب نەچچە ئەسىر ئاقارتىش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئەقىلنى،ئىلىمنى زىيادە مۇبالىغە قىلىۋېتىپ، ئەمدىكىلىتە ئەقىلنىڭمۇ نۇرغۇن نەرسىگە يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. شەرق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىماننى كۈچلۈك تەكىتلەپ ئەقىلگە ، ئىلىمگە سەل قارىدى ۋە بۇنىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتتى. ئىلىم ۋە ئەقىدە ئىنسان روھىنىڭ ئىككى شېخى، ئىنسان ئىككىلىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز بەزىلەرنىڭ بىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ يەنە بىرنى بېسىۋاتقانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايمىز .

ھازىرغىچە بولغان ئۇيغۇر ئاقارتىش تارىخىمۇ ئاقارتىش جاراھىتىدىن مۇستەسنا ئەمەس. مەسىلەن، گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتى ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىكى بىر ئەدەبىيات ھەرىكىتى. بۇنىڭ تۆھپىسىنى مەلۇم دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمما، گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتى بايراقدارلىرى 1986 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىيە سىستېمىسىنى رەتلەپ چىقالمىدى، سىستىملاشتۇرالمىدى. ئۇلاردىن بىزگە قالغىنى پارچە پۇرات، گۇڭگا تەپەككۇر شەكلى بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇشۇ خىل ئاقارتىش

جاراھىتىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇھاكىمىدىمۇ تۆز سىزىقلىق، لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكىللىنىپ بولالمىدۇق، شۇڭا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشىمىزدا تەپەككۇر زەخمىسىنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بىزدە زامانىۋى ساۋاتسىزلىق باش كۆتۈرمەكتە. شۇنى ئېچىنىش بىلەن تىلغا ئېلىشىم كېرەككى، بىزدە ئارىستوتىلنىڭ «پوئېتىكا»، كانتنىڭ «نوقۇل ئەقىلگە تەنقىد»دىمۇ چىقمىدى. بۇلارنى غەربنىڭ دەپ باھانە كۆرسىتەيلى دېسەك، بۇۋىمىز فارابىنىڭمۇ ئەسەرلىرى تولۇق نەشىر قىلىنمىدى. ئوتتۇز يىللىق ئاقارتىش ئۇيغۇرلاردا چالا-بۇلا ھالەتتە كەتتى. ھەتتا شۇنچە ئەدەبىياتچىلار نان يەۋاتقان ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە تۈزۈكرەك «ئەدەبىياتشۇناسلىق لۇغىتى» مۇ يوق. چىقمايدىغان ئەخلەت كىتابلار تازا چىقىۋاتىدۇ. 4-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى ئىمزالىق كىتاب سېتىش پائالىيىتىدە نىر نەرسىنى بايقاپ قالدىم، ئالدىمغا ئىمزا قويدۇرغىلى كەلگەن بەش پارچە كىتابنىڭ ئۈچى پاخ-پاخ كىتابلار ئىكەن. ئىچىم شۇنداق ئېچىشتى. ھازىر كىتابخانىلىرىمىزدا دادا-ئاپىسىنىڭ تايىنى يوق، قوراشتۇرۇلغان كىتابلار كۆپىيىپ كەتتى. ئاپتورى يوق، ياماقلانغان تەرجىمە كىتابلار دەل مۇشۇنداق كىتابلاردۇر. كىتاب تاللىغاندا پىشقان ئاپتورنىڭ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ نادىر كىتابلىرىنى تاللاپ تۇرۇپ ئوقۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بازار ئىگىلىكى، سودا مەدەنىيىتى ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىمىزگە خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئۆي، تاۋار، ماددى كاپالەتنى چوڭ بىلىش نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئەقىدىسىدىن ياندۇردى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىرخىل ئاسىيلىق. بىر تۈركۈم زىيالىيلىرىمىز ئۆزى بۇرۇن نەپرەتلىنىدىغان، ياراتمايدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. نۇرغۇن گېزىت-ژورنال ئىسراپ بولۇپ كەتتى. بىر مۇنچە مەتبۇئاتلاردا، تاراتقۇلاردا چىقىۋاتقىنى ساپلا «ئاتام ئېيتقان بايىقى» گەپلەر. بىر مىللەت 80-يىللاردا ئېيتىلغان گەپلەرنى 2010-يىللاردا يەنە تەكرارلاپ ياشاشتىن ھارمىسا بۇنداق مىللەتكە ئېچىنىش كېرەك. رادىئو-تېلېۋىزورلاردا قىلىپقا چۈشۈپ قالغان سۆزلەر تەكرار-تەكرار ئېيتىلىدۇ. شاتۇتىدەك گەپلەرنى قىلىپ ھارمايدىغان بىر قىسىم رىياسەتچىلەر قولىدىكى ئورگىنال بولمىسا ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. يەنە بىر تۈركۈم مۇھەررىرلەر بولسا قولىدىكى مۇھەررىرلىكتىن ئىبارەت يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئىسراپ قىلماقتا. ئاۋامنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا پىكرى بار. بۇ پىكىرلەرگە قۇلاق سېلىش كېرەك. مەركەزدىن كېلىۋاتقان ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، كىتابخۇمارلار جەمئىيىتى قۇرۇش تەشەببۇسلىرىدىن ياخشى پايدىلىنالمىدۇق. نەشر ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇ مەبلەغلەر بېرىلدى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى نادىر كىتابلارغا ئەمەس، ئەخلەت كىتابلارغا سېلىنىپ كەتتى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

سورۇن مەدەنىيىتىمىزدىمۇ چاكىنىلىق، پۇچەكلىكلەر ئوبدانلا ئەۋج ئالدى. ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سورۇنلارغا چاقىرىلدىم. مېنى ئۆكۈندۈرىدىغان شۇنداق بىر ئىش بار. كىچىككىنە ئۇن كىشىلىك ئايرىمخانىلاردا بىر قولىدۇ چوكا، بىر قولىدا تاماكا تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان ئەرلەر مېنى

سە سكەندۇرىدۇ. ئەسقا چۈمۈلۈپ تۇرۇپ يېيىلۋاتقان تاماقلاردا قانداقمۇ لەززەت بولسۇن. مەن بۇنداق كىشىلەرنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيمەن. ئامېرىكىدا رېستوراندا ئەمەس، ئوقۇتۇش بىناسىغا يۈز مېتىر كېلىدىغان جايلاردىمۇ تاماكا چېكىش چەكلەنگەن. بۇ ئەھۋال بىزنىڭكى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما، ئەلۋەتتە. ھازىر بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كېڭىيىپ ھار ئېلىنمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ بىر داغ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى شەرمەندە داغ. بۇنداق ئىشلارغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى.

ئۇنىدىڭدىن باشقا نەشرىياتچىلىقىمىزدا پىلانسىزلىق،چىرىكلىك مەسىلىسى گەۋدىلىك بولماقتا . كىتاب نەشىر قىلىدىغان، كىتابنىڭ نىنىنى يەۋاتقان بەزىلەر كىتاب ئوقۇمايدۇ. بۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال. بىز شۇ تاپتا قايتىدىن ئويلىنىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن يەنە بىر قېتىملىق ئاقارتىش دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتىمىز.ئەمدى بىز سوراپ باقايلى، بىزنىڭ نەشىرىياتچىلىرىمىز، مۇھەررىرلىرىمىز قولىدىكى بوشلۇق ۋە ئىمكانىيەتنى ئىسراپ قىلىۋېتىپ بارامدۇ يوق؟ مۇھەررىرلىرىمىز ئۆز قولىدىكى مۇھەررىرلىك پىچىقىنى نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېتىپ بارامدۇ يوق؟ ئويلىنىشىمىز كېرەك . بىزنىڭ ئېسىل نەشرىياتچىلاردىن، ئېسىل مەھەررىرلەردىن ئۆگىنىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. كىتابخانىلارنىڭ ۋاقتى، زېھنى، روھىغا خىيانەت قىلىش ئەمدى توختىتىشى كېرەك. قۇراشتۇرۇلغان، مۇناسىۋەت بىلەن چىقىرىلغان كىتابلاردىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك. مەن بەلكىم ئۇزاق ئۆتمەي نەشرىياتلىرىمىزدىن چىققان يۈز پارچە ناچار كىتابنىڭ (قوراشتۇرما كىتابمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تىزىملىكىنى ئېلان قىلىپ قىلىشىم مۇمكىن. بۇنى مەن مەسئۇلىيەتچانلىق دەپ چۈشىنىمەن. بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇپ تەكشۈرۈش باسقۇچىدىكى زىيادە زىللىقلار، سەزگۈرلۈكلەر ئاپتورلارنى ھالسىراتماقتا. ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆپىنچىلەر ماڭا يېزىشنى ئەسكەرتتى، بەزى كىتابلاردا ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە چىقىدىغان «خۇدا» دېگەن سۆزمۇ قىسقىراپ كېتىدىكەن. ئەھۋال بۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب يېزىشنىڭ مۇمكىنچىلىك شارائىتى ھەققىدە ئويلىنىپ قالىدىغان بولدۇم. زىيادە زىللىق، چېكىدىن ئاشقان خۇدۇكسىرەش ـ بىزنىڭ كاللىمىزدىكى كوللىكتىپ ئاڭسىزلىقتىن چىقىۋاتقان مەسىلە. بىزگە بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلانماي تۇرۇپ سەۋەب كۆرسىتىش ئاقمايدىغان ئىش. بىر بوشلۇق ئېتىلسە يەنە بىر بوشلۇق ئېچىلىدۇ. مۇھەررىرلەر ، نەشرىياتچىلارنىڭ قاتتىق ئويلىنىدىغان ۋاقتى كەلدى .

ئەمدىكى گەپ، ئۇنىدىدار بىز ئۈچۈن نېمەتمۇ ياكى ئاپەتمۇ؟ دېگەن مەزمۇن ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇنىدىدار ئاۋال بىزگە قولايلىق ئالاقە شارائىتى ياراتتى؛ بىزگە ئىچ پۇشىقىنى چىقىرىش، يەڭگىللەش پۇرسىتى ئاتا قىلدى.ئەمما، يامان بولغىنى روھىمىزنىڭ بىر قىسمىنى بىزدىن تارتىۋالدى. ھازىر دۇنيا خاراكتېرلىك بىر پىسخىكىلىق كېسەل يامرىماقتا. ئۇ بولسىمۇ دىققەت چېچىلىش كېسىلىدۇر. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار دىققىتىنى بەش مىنۇتتىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ. ئامېرىكا تەنقىدچىلىرى ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى ياشلىرىنى تەنقىدلەپ، «پارلاق ئامېرىكا مەدەنىيىتى 90 ـ يىللاردىن كېيىن

تۇغۇلغان، دىققىتى ئېلېكترونلۇق تاراتقۇلاردا چېچىلۋاتقان يارىماس باللارنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدۇ» دېيىشمەكتە. تور، تەشۋىقات، ئۈندىدار بىلەن زىيادە كۆپ ھەپىلىشىدىغانلارنىڭ دىققىتى بىر يەردە ئەمەس. بۇلارنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش چىقمايدۇ. مەن دىققىتى چېچىلمىغان ، فوكۇس نۇقتىسىنى يوقاتمىغان، تەپەككۇرنى يىغالايدىغان ياشلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. ھازىرقى ئىلىم كۆرىشى دەل زېھىن كۆرىشى بولۇپ قالدى، زېھىن چېچىلغانچە ياخشى ئوقۇرمەن بولغىلى بولمايدۇ. ئۈندىدار بىزدە يەنە ياتلىنىش، روھى گادايلىقنى بەرپا قىلىپ ئۈلگۈردى. تۇغقانلار ،دوستلار بىلەن پاراڭلىشىشنىڭ ئورنىغا مەۋھۇم بوشلۇقتىن تەسەللى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇمۇ بىر خىل پىسخىكىلىق كېسەل. ئۈندىدار بىلەن ھەپىلىشىشنى تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئالاھىدە بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلار كىتاب ئوقۇيالماس بولۇپ قىلىشتى. كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىش ئېغىر بىر مەسىلە. مەن ئۈندىدار ئىشلەتمەيمەن، تېلېۋىزور كۆرمەيمەن. مەن ئىزدىمەكچى بولغان ئۇچۇرلار كىتابلارنىڭ قېتىمدا، چوڭقۇر مۇھاكىمىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، ئۇلار مېنىڭ ئىزدىشىمنى كۈتىدۇ. كىتابتىن كېلىۋاتقان بىر ھوزۇر بار. شۇنداق بىر لەززەت بار، ئۇ پەقەت چوڭقۇر ئوقۇرمەنلىكتىن كېلىدۇ. مۇشۇنداق لەززەت بىلەن ئوقۇۋاتقان، كۆرەش قىلىۋاتقانلارغا سالاملار بولسۇن!

## تۆتىنچى بۆلەك، ئۈستۈن ئوقۇرمەنلىك مۇراجىتى

ئۈستۈن ئوقۇرمەن دېگەن نېمە؟ بۇ مەن يېقىندا نەزەرىيلەشتۈرمەكچى ھەم رېئاللاشتۇرماقچى بولغان يېڭى ئۇقۇم. ئۈستۈن ئوقۇرمە ئۆزىنىڭ غايىسىدىن، ئىدىيال دۇنياسىدىن ۋاز كەچمەيدىغان ئادەمدۇر؛ ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلىك غايىسى ۋە ئىستىكىنى ھېچنەرسىگە تېگىشمەيدىغان، سوئاللىرىغا چوڭقۇر كىتابلاردىن جاۋاب ئىزدەيدىغان، ئوقۇغانلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىيالايدىغان ئادەمدۇر. دەۋرىمىز دەل مۇ شۇنداق ئۈ ستۈن ئوقۇرمەنلەرنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا كىتابچىلىقىمىز، ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىمىز ئىسلاھاتقا مۇھتاج.

ئۈستۈن ئوقۇرمەن يەنە نېمىنى ئوقۇش، نېمە ئۈچۈن ئوقۇش، قانداق ئوقۇش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن، ئىزدىنىشلىرىنى ئومۇمنىڭ ئىستىقبالى بىلەن باغلىيالايدىغان ئوقۇرمەندۇر. مەسلەن ئابدۇقادىر داموللا ،ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەر ماھىيەتتە ئۈستۈن ئوقۇرمەنلەردۇر. شۇنىڭدەك ھەربىر ئۈستۈن ئوقۇرمەن ئۆز موھىتى، ئۆز دەۋرىدە پىكىردە بىر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاياتىنى جىمجىت كۈزەتسەك،ئۇنىڭ چۈشەنمەسلىك، مەسخىرە، غېرىبلىق، ھەسەتخورلۇق، قىينىچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ تۇرۇپمۇ جىمجىت ئىزدەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدىن قالغىنى«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «قەدىمكى مەركىزى ئاسيا»، «قۇتادغۇ بىلىگ خەزىنىسى»قاتارلىق توم ـ توم نادىر كىتابلار بولدى. يۈز يىللىق ئۇيغۇر ئاقارتىش تارىخىنى ئابدۇقادىر داموللامسىز، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرسىز، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرسىز،

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدە ئۇستۇن ئوقۇرمەنلىكىنىڭ لەززىتىنى تېتىغان. بۇ يەردە ئۇلارنى ياد ئەتمەي تۇرالمايمىز. ھەربىر ئۇستۇن ئوقۇرمەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئاۋانگارتى، ئۆز مەدەنىيىتىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغۇچى، شۇنداقلا مىللىي روھنىڭ ئادۋۇكاتىدۇر. نېمە ئالدىغا ئۇچرىسا شۇنى ئوقۇش، كاللىغا كەلگەننى ئوقۇش بىلەن ئۇستۇن ئوقۇرمەنلىك مۇقامىغا يەتكىلى بولمايدۇ.

خاتىمە ئورنىدا

ئەتراپىمغا قارىسام، ھەممە يەردە ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ سادا سى. ھەممە يەردە سەنئەت چۇقانى. شۇ چۇقان جەۋھەر سەنئەتنىڭ چۇقانى بولسا كاشكى! ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك ھېسابلايدىغان ئون مىليون ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋي ھاياتىدا كىتاب، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ھەققىدە بىرمۇ پىروگراممىسى يوق. شۇنداق بىر ئارزۇيۇم بار،ئۇيغۇرلاردىنمۇ كىتابنى قېتىقىنىپ ئوقۇيدىغانلار،ئۇستۇن ئوقۇرمەنلەر مۇكاپاتلىنىدىغان كۈنلەر كەلسە. خۇددى ھەممىلا يەردە ئۇسسۇلچىلار، ناخشىچىلار مۇكاپاتلانغاندەك.

دىلىدىن ئىنسانىيلىق ئوتى كەتمىگەن ئەي سۆيۈملۈك قېرىنداشىم! قانداق قىلسام مىللىتىمگە تۆھپە قوشالايمەن، دەپ سوراۋاتامسىز؟ بۇنىڭ ئۇسۇلى ئىنتايىن ئاددى، ئۇنداق بولسا قىترىقتىنىپ، باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇڭ. بۇ مىللەتكە تۆھپە قوشۇشنىڭ ئەڭ ئاددى، ئەڭ ياخشى، ئەڭ كونكرېت ئۇسۇلى.

ئەي سۆيۈملۈك قىز! قانداق قىلسام ياخشى ئوغۇللارغا ياتلىق بولالايمەن دەپ سوراۋاتامسىز؟ ئەمسە دەيمەنكى، كىتابنى سۆيگەن ، كىتابنى قەدىرلىگەن ئوغۇللارغا ياتلىق بولۇڭ. چۈنكى، كىتاب ئوغۇللارنىڭ قەلبىدىكى قاباھەتنى، مۇدھىشنى، قورقۇنچنى پەسەيتىدۇ. ئۇ سىزنى كىتابنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ. كىتاب ئوقۇغان ئادەمنىڭ قەلبىدىكى مۇز توڭلار ئېرىۋاتقان بولىدۇ.

مودىكەش قىزىمىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان ئەي يىگىت! قايتىڭ، كەينىڭىزگە قايتىڭ! كىتاب ئوقۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئارىسىغا قايتىڭ، سىز ئىزدەۋاتقان قىز كىتاب ئوقۇۋاتقان قىزلار ئارىسىدا.

تەھرىرلىك ئۇستىلىدە مۆكدەۋاتقان ئەي مۇھەررىر، كەچكىچە كونا گەپلەرنى شاتۇتىدەك تەكرارلاۋاتقان ئەي رىياسەتچى! كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىڭ، كىتاب ئوقۇڭ. چۈنكى سىزنىڭ مەسئول بولىۋاتقىنىڭىز خەلقنىڭ روھ قۇرۇلۇشى!

ئاخىرىدا ئۈمىدىم شۇكى، كىتاب ۋاراقلاۋاتقان قوللارغا دەرت كەلمىسۇن، كىتابقا تىكىلگەن كۆزلەر روشەن بولسۇن، كىتاب ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان مېڭىلەر ساغلام بولسۇن. كىتاب نۇرى كىرگەن قەلبلەر نۇرسىز قەلبلەرگە ئەنداز ۋە ئەينەك بولسۇن. ئەڭ موھىمى كىتابنى سۆيگەنلەر ھەر يەردە بولسا ئامان بولسۇن!

**(2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 20 ـ قېتىملىق دۇنيا ئوقۇرمەنلەر خاتىرە كۈنىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق)**

يانغىن ئېلكىتابلىرى

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن ، *oquqin***

**www.yanghin.cn** **www.yanghin.net**

**admin@yanghin.net** **kitab@yanghin.net**